نەق مەيداندىن شىنجاڭغا نەزەر
پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋال
شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارىتىدىن خاتىرە

«شىنجاڭ ئىزدىنىش ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پايدىلىق تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى»

☐ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى مېھرىگۈل ناسىر، لى شىڭ

«تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، جۇڭگو شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىزمنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.» 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزىگە كېلىپ «شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرى باھا بەردى.

«شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۈچەش، قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.» نېپالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ماخىندرا باھادىر پاندى مۇنداق بىلدۈردى: بۈگۈنكى دۇنيادا، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ كەسكىن خىرىسى ئالدىدا، ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ، كارى بولماي تۇرالمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، تېررورىزم، ئەسەبىزمنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك توسۇپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغدىيالايدۇ.

«تېررورىزم، ئەسەبىزم بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر چوڭ جەمئىيەت ئاپىتىگە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئېغىر تەھدىت سالدى.» ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد كېشاۋارززادى «تېررورىزم»نى «ۋىرۇس»قا ئوخشىتىپ مۇنداق بىلدۈردى: خەلقئارا جەمئىيەت مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قول تۇتۇشۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمدىن ئىبارەت بۇ «ۋىرۇس»قا ئورتاق زەربە بېرىشى كېرەك.

«شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇش بىلەن بىللە، خەلق تۇرمۇشى يىلسېرى ياخشىلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ.» مۇھەممەد كېشاۋارززادى مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئىزدىنىش ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پايدىلىق تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ قېتىملىق زىيارەتتە مەن نۇرغۇن ھاسىلاتلارغا ئېرىشتىم. ھالبۇكى، بىر قىسىم غەرب تاراتقۇلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش ‹ھەقىقىي ئەھۋال›لارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە توقۇپ چىققان يالغان ـ ياۋىداق سۆز، يامان غەرەزدە تۆھمەت قىلىش. شىنجاڭغا كېلىپ ئايلىنىپ باققاندا، كۆرۈپ باققاندا، يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ».

پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى موين خاكىنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر ۋاقىت ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى، «پاكىستانمۇ جۇڭگو شىنجاڭغا ئوخشاش تېررورىزمنىڭ چوڭقۇر خەۋپىگە ئۇچرىغان. بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللاپ، تېررورىزمغا ئورتاق زەربە بېرىمىز».

زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مەقسەت ھەر مىللەت خەلقنى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرى يۇقىرىقى قازئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى باراتھاجى ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە بىر تۈركۈم چەت ئەللىك مېھمانلار كەلدى. چەت ئەلنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى تۆت جان بار بۇ ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، كەلگۈسى پىلانىدىن بەختنى كۆردى.

«ئىككى پەرزەنتىڭلارنىڭ چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلغۇسى بار ئىكەن؟»

«ئۇنىڭ دوختۇر بولغۇسى بار، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ».

«ئۆي سېلىشقا قانچە پۇل خەجلىدىڭلار؟»

«ھۆكۈمەت 28 مىڭ 500 يۈەن ياردەم پۇلى بەردى، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئەمىن ئۆي سالدۇق».

«ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم تولۇقلىمىسى ھەممە ئادەمگە بېرىلەمدۇ؟»

«كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە بېرىلىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ ھەممىسىگە بېرىلىدۇ، ھەممەيلەن سىياسەتتىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ».

…

«ئۇ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەمسىتىشكە ئۇچرىمىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇنى تەربىيەلىگەچكە، ئاندىن ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختلىك تۇرمۇشى بار بولدى.» مالدىۋىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەلچىسى سوباخ راشىد مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى دەل جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسى ھەم ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغان تەدبىر بولماستىن، بەلكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قانۇن بويىچە قوللانغان مۇھىم تەدبىر، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇشى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ۋە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەدبىر، بۇ، خەلقئارا جەمئىيەتكە نىسبەتەن ناھايىتى ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا جۇڭگو شىنجاڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى»

☐ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى شىڭ، مېھرىگۈل ناسىر

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن زامانىۋى تىجارەت ئەندىزىسى يۇغۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال سودا گەۋدىسى بولۇپ، شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر جەزمەن بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدۇ، مال سېتىۋالىدۇ. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىدى، بىر تەرەپتىن سودا كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

چوڭ بازاردىكى مەدەنىيەت ـ ئىجادىيەت بۇيۇملىرى كوچىسىدا، جۇڭگو شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجاد قىلىنغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بار، يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىن كەلتۈرۈلگەن خاس تاۋارلار بار، يەنە «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى بار. ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتكە قاتناشقان چەت ئەللىك جۇڭگودا تۇرۇشلۇق نۇرغۇن ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاۋارلار ئىچىدىن ئۆز دۆلەتلىرى ئېكسپورت قىلغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۇچرىتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئېچىۋېتىشچان ۋە سىغدۇرۇشچانلىقىدىن توختىماي ھاياجانلاندى.

«بۇ كىچىككىنە نان ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىكنىڭ مۇكەممەل يۇغۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ.» شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋىلادىمىر نوروۋ چوڭ بازار نان مەدەنىيەت سارىيىغا قىزغىن تەكلىپ قىلىندى، ئۇ بىر تەرەپتىن ناننىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاچ، بىر تەرەپتىن تېتىپ كۆردى، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى «نان»نىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن زور كەسىپ زەنجىرى بولدى، بۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، سانائەت پىششىقلاش، سېتىش ئەشيا ئوبوروتى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى، ساياھەت كەسپى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلغان بولۇپ، نۇرغۇن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەندى.

ۋىلادىمىر نوروۋ مۇنداق قارىدى: ھازىر شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل يۈكسىلىپتۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم ئىكەن، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپتۇ، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللىنىپتۇ، دىنلار ئىناق، رايىش ئىكەن، ھەر مىللەت خەلق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

شىنجاڭدىكى 5A دەرىجىلىك تارىخ ئادىمىيەت مەنزىرە رايونى بولغان قەشقەر قەدىمىي شەھەردە قويۇق ئادىمىيەت تارىخى ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى تارقىتىپ، چەت ئەل ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنى جەلپ قىلدى. ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 7 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، «كونا قىياپىتى بويىچە رېمونت قىلىش، ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتا سېلىش» بويىچە قەدىمىي شەھەردە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى پۈتۈنلەي ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئاھالىلەر ئۈچۈن سۇ تۇرۇبىسى، ئەۋرەز تۇرۇبىسى يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەبىئىي گاز ئورنىتىپ، قەدىمىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىغانلىقىنى بىلگەندە، بەس ـ بەستە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تەرىپلىدى.

رۇسىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى ئىۋان رېبروخوۋېتسكى ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان خەنشۇناس ئىدى. ئۇ قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا تولىمۇ مەپتۇن بولدى، ھەربىر دۇكاندىن ئۆتكەندە، كىرىپ تەپسىلىي كۆرۈپ، سوراپ باقتى. «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشقا شۇنچە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم».

«خەلقئارادا شىنجاڭدا ‹مەدەنىيەت جەھەتتە كەمسىتىش› مەۋجۇت دەيدىغان شاۋقۇنلار بار، لېكىن مەن ئۇنداق ئەھۋاللارنى ئازراقمۇ كۆرمىدىم. ئەكسىچە، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، زور مەبلەغ سېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغدىغانلىقىنى كۆردۈم. باشقا دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي شىنجاڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن باھا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى تاجىكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى زوخىر ئوزود سەئىدزادە.

پارتىيە تارىخىنى ئەسلەپ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىپ بۇرچنى زىممىگە ئېلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭقۇر ئىگىلەش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېيىپ چۈشەندۈردى ۋە شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆ پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۇن شيۇلىڭ لېكسىيە دوكلاتى بەردى. دوكلات بېرىش يىغىنىدا، سۇن شيۇلىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش، پارتىيە تارىخىغا ئائىت ئاساسلىق ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۆرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭقۇر ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ سىستېمىلىق يېشىپ چۈشەندۈردى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يىغىن مەركىزىدە لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ ياڭشى لېكسىيە دوكلاتى بەردى. دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ۋاڭ ياڭشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى؛ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قەھرىمان شەخسلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۆرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىسىنى سىستېمىلىق ئەسلەپ ئۆتۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇردى. دوكلات بېرىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لېكسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىغا كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەمتۈرتكە بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ئۈرۈمچى ناھىيەسىگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى دىڭ شۆچىڭ لېكسىيە دوكلاتى بەردى. دىڭ شۆچىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تارىخىي قانۇنىيەتنى تونۇش، تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەش، يېڭى تارىخىي پەللىدە يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى بويىچە لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر زېڭ يەنياڭ لېكسىيە دوكلاتى بەردى. زېڭ يەنياڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ، ھەم سىياسىي يۈكسەكلىك، نەزەرىيە چوڭقۇرلۇقى بولغان، ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن، ھەم تارىخىي قانۇنىيەتنى ئىگىلىگەن، ھەم دەۋر ئېھتىياجىنى نامايان قىلغان ھالدا دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشقانلارنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشكە چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئىنچىكە يېتەكچىلىك قىلدى.

(مۇخبىر شيا چېڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۇا، يۈ شى، ئالتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن خۇ جۇنشيۇ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ شيېك، جاڭ لياڭ، لى شىڭئەن)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لى جياچىمۇ شىنجاڭ پاختا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ياخشى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا كۈچ قوشتى. 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، شاڭخەي شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ۋە شىنخۇا تورى ئابونچىلار تېرمىنالى، دۇڭفاڭ تورى «شىنجاڭنىڭ ياخشى مەھسۇلاتلىرىغا كۈچ قوشۇش» باش تېمىسىدىكى ئاممىۋى مەنپەئەت بىۋاسىتە كۆرسىتىشىنى ئۆتكۈزدى. بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيىدە، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى قىرانبېك ماقان لى جياچى بىلەن بىرلىكتە «مال تونۇشتۇرۇشتا چوڭ مۇسابىقىلىشىش»نى قانات يايدۇردى، ئىككىيلەن چىلان، مېغىزلىق ئۆرۈك قېقى، كالا سۈتى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ خاس يېمەكلىكلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، تورداشلارنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى. «بىر مۇنچا لۆڭگىسىنى تاللىشىپ ئالالىدىم، بۇ مېنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى قوللىغانلىقىم» دېدى تورداش مىماۋ.

داڭلىق رىياسەتچى ۋە توردا ئالقىشلانغان رىياسەتچىلەر بىۋاسىتە كۆرسىتىپ شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىكارلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىپ شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ھەرىكىتىمۇ ئىنتايىن جانلىق بولدى. مۇخبىرنىڭ قورغاس ناھىيەلىك سودا ۋە سانائەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، قورغاس ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ پاختىسىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش مەخسۇس مەيدانى پائالىيىتىنى سىجىل قانات يايدۇرغان. «بىز ھەر كۈنى بىر مەيدان بىۋاسىتە كۆرسىتىمىز، پائالىيەت 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ» دېدى قورغاس ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ جىسۇڭ.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مۇخبىر ۋاڭ جىسۇڭنىڭ يان تېلېفونىغا تېلېفون قىلغاندا، ئۇ بىرنەچچە رىياسەتچىنى باشلاپ غۇلجا ناھىيەسىدىكى شىڭخې ئۆرۈكلۈك بېغىدا بىۋاسىتە كۆرسىتىۋاتقان ئىكەن. «بۈگۈن 11 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ · ئىلى ئۆرۈك چېچىكى مەدەنىيەت ـ ساياھەت بايرىمى ‹ئۆرۈك يۇرتىدىن سوۋغا› ساياھەت تاۋارلىرى يەرمەنكىسى غۇلجا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى، بىز سىرتتا بىۋاسىتە كۆرسەتتۇق، سېتىلغان مەھسۇلاتلار ئۇزۇن تالالىق پاختا يوتقان، ئۇستىقۇددۇس ياستۇقى، ئۆرۈك قېقى قاتارلىق 50 خىلدىن ئاشىدۇ».

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ پاختا يوتقىنىنى سېتىشنىڭ كاسات مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى نەچچە كۈندىن بۇيانقى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كاسات مەزگىلدىكى مەھسۇلاتلار بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلاندى. شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ تونۇشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىۋاتقان «يېزىلىق دېھقان شياۋيەن ئاكا»مۇ شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسىنى مەخسۇس بىۋاسىتە كۆرسىتىپ، ئىككى كۈندە 23 مىڭ يۈەنلىك شىنجاڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا يوتقىنىنى ساتتى.

شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق سودىسىنى ئۇزاق مەزگىل تەتقىق قىلغان شىنجاڭ داشۆ ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى چېن بىڭ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ پاختا يوتقىنى ئىزچىل ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ، بۇ قېتىم شىنجاڭنىڭ تور سودىگەرلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى كۈچەپ قوللاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تەشۋىق قىلىش، سېتىش سالمىقىنى زورايتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۇاڭشەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن